# 103880 ـ قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئىپلىشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

## سۇئال

قەبرىنى كولاپ مېيىتنى دەپنە قىلىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاش توغرا بولامدۇ؟، مۇشۇنداق قىلىشقا بولغان جىددىيلىكنى نەزەرگە ئالغاندا مېيىت دەپنە قىلىشنىڭ توغرا يولى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قەبىر كولاشنىڭ سۈپىتى: قەبىرنىڭ ئوتتۇرىدىن مېيىتقا مۇناسىپ ئورەك كولىنىدۇ، قەبىر مېيىتنىڭ ئۈستىگە يېقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە خام كېسەك قۇيىلىدۇ، مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئۈنىڭغا ئوڭ تەرىپىدىن قۇيىلىدۇ، ئاندىن بۇ قەبىرنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن مېيىتقا تەگمەيدىغان ھالەتتە يېپىلىدۇ، ئاندىن ئۈنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىنىدۇ.

ئىچ يەرلىك ئىپلىشنىڭ سۈپىتى: قەبىرنىڭ تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قىبلىگە يېقىن بولغان ئورۇندىن يانغا كولايدۇ، ئۇ يەردە مېيىت ئوڭ تەرىپى بىلەن قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ قۇيىلىدۇ، مېيىتنىڭ كەينى تەرىپىدىن  كولىغان جاينىڭ ئېغىزىنى خام كېسەك بىلەن توسۇۋېتىپ ئاندىن توپا تاشلايدۇ. [دوكتۇر ئابدۇللاھ سۇھەيبانىينىڭ" ئىسلام شەرىئىتىدىكى قەبىر ئەھكاملىرى"ناملىق ئەسىرى 30-بەتكە قارالسۇن].

ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن شەرىئەتتە قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئىپلىش ھەر ئىككىسى دۇرۇس بولسىمۇ ئىچ يەرلىك ئىپلىش ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگىمۇ ئىچ يەرلىك ئىپلىنغان، سەئىد ىبن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە: «مېنىڭ قەبرەمنى كولىساڭلار ئىچ يەرلىك ئىپلىڭلار، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىكىگە تىكلەنگەندەك مېنىڭ يەرلىكىمگىمۇ كېسەكنى تىكلەپ قويۇڭلار» دىگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 966-ھەدىس].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 2-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە ئىچ يەرلىك ئىپلىنغاندەك مېيىتنىڭ قەبرىسىگە ئىچ يەرلىك ئىپلىش سۈننەتتۇر".

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇ" 5-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ئالىملار مېيىتنى ئىچ يەرلىك ئىپلىپ دەپنە

قىلىشنى ۋە قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىشنىمۇ دۇرۇس دېگەندە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زېمىن قاتتىق بولۇپ تۇپا ئەتراپىقا سىرىلىپ كەتمەيدىغان بولسا بۇ ۋاقىتتا ئىچ يەرلىك ئېلىش ئەۋزەل بولىدۇ، زېمىن يۇمشاق بولۇپ تۇپا ئەتراپىقا سىرىلىپ كېتىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ".

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتى" 5-توم 360-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر زېمىن يۇمشاق بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى يۇمشاق زېمىندا ئىچ يەرلىك كولىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئىچ يەرلىك كولىسا تۇپا سىرىلىپ قەبىر كۆمۈلۈپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇچۇن ئۆرەكنى كولاپ تۇپا سىرىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە كېسەك قويۇپ ئاندىن ئۇ يەرگە مېيىت قويۇلىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: قەبرە كولانغان بولسۇن ياكى ئىچ يەرلىك ئېلىنغان بولسۇن مېيىتنىڭ يۈزىگە ياكى بەدىنىگە بىۋاستە تۇپا تاشلانمايدۇ، چۈنكى ئىچ يەرلىكتە مېيىت قەبرىنىڭ يان تەرىپىدىن كولىغان ئورەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلانمايدۇ، قەبرىنى بىۋاستە كولىغاندا مېيىت قويۇلغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسە بىلەن يېپىلىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ياپقان نەرسىنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلايدۇ، بىۋاستىلا مېيىتنىڭ ئۈستىگە تۇپا تاشلىمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.